شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 8 ـ ئاي
16
جۈمە
维吾尔文 8月16日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24789 ـ سان بۈگۈن 8 بەت

شى جىنپىڭ برازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو بىلەن جۇڭگو ـ برازىلىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 45 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى برازىلىيە فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بولسونارو بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 45 يىللىقنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن برازىلىيە ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەت ۋە مۇھىم يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 45 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن برازىلىيە مۇناسىۋىتى ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ

«ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدىغان 16 ـ سان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ««ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» ئېلان قىلىنىدۇ.

ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئاچقۇچلۇق باسقۇچىغا كىردى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار جەزمەن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، قەدىسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، بارغانسېرى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، بۇ يىل، كېلەر يىلدىن ئىبارەت ئىككى يىلدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە، ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، قەرەلدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشى كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى: بىرىنچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى؛ ئىككىنچى، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق» ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئۈچىنچى، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى پات ئارىدا تاماملىنىدۇ؛ تۆتىنچى، پارتىيەنىڭ يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىمۇ ئېنىق تونۇش كېرەك: بىرىنچى تۈردىكىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەر؛ ئىككىنچى تۈردىكىسى خىزمەت داۋامىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر؛ ئۈچىنچى تۈردىكىسى ئۇزاق مۇددەت تەدرىجىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەسلي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، ياڭ شىن قاتارلىقلار دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

جاڭ فۇچىڭ سابىق غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسىنىڭ بىر جەڭچىسى بولۇپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرى ئارىسىدا گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ، غەربىي شىمال دالا ئارمىيەسى تەرىپىدىن «ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن» دەپ ئەنگە ئېلىنغان، ئىككى قېتىم «كۈرەش قەھرىمانى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن، شەرەپ بىلەن «خەلق تۆھپىكارى» مېدالىغا ئېرىشكەن. 1955 ـ يىلى، جاڭ فۇچىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان لەيفېڭ ناھىيەسىگە كېلىپ خىزمەت قىلىشنى تاللاپ، نامرات تاغلىق رايونغا بىر ئۆمۈر تۆھپە قوشقان. باش شۇجى شى جىنپىڭ يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىغا قارىتا مۇھىم يوليورۇق بەردى ھەم ئۇنىڭ بېغىشلاش روھىنى پائال ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىدىغان يېڭى دەۋرنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەشكە چاقىردى.

دوكلات بېرىش يىغىنىدا، چۈتيەن شەھەر گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى خۇ چېڭ، ئېنشى شۆبە ھەربىي رايونى سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى لىيۇ خەيلوڭ، ئېنشى تۇجيازۇ ـ مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ خىزمەتچى خادىمى تيەن ۋېنلى، جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى لەيفېڭ ناھىيەلىك تارماق بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى لى گەنلىن، يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ نەۋرە قىزى جاڭ رەن ئايرىم ـ ئايرىم ئوخشاش بولمىغان تەرەپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن، ئاددىي سۆزلەر، تەسىرلىك مىساللار ئارقىلىق، يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ نام ـ تۆھپىسىنى چوڭقۇر يوشۇرۇشتەك ئالىيجاناب روھىنى، ئازادلىق ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانانە ئىش ئىزلىرىنى، تاغلىق رايوندا يىلتىز تارتىپ خەلققە باغلىنىپ سەممىي رىشتىنى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار

ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش يېڭى تۇرمۇش ئېلىپ كەلدى

تەپسىلاتى 2 ـ بەتتە

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى نىزامىنى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى نىزامى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپپارات ئىشتاتى بايلىقى مۇھىم سىياسىي بايلىق، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بايلىقى، ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى پارتىيەنىڭ مۇھىم خىزمىتى. «نىزام» شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلغان، پارتىيەنىڭ ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتىنىڭ تۈپ مىزانى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەكىتلەندى: «نىزام»نى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش پارتىيەنىڭ ئاپپارات ئىشتاتىنى باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپپارات ئىشتاتىنى قانۇندا بەلگىلەشنى ئالغا سىلجىتىش، ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيەنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى تەشكىلىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمەجىن، لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇك** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمەجىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىش خىزمىتى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP

شىنجاڭ ياخشى جاي

چوڭ بازار ساياھەتچىلەرگە لىق تولدى

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى چوڭ بازار مەنزىرە رايونى پىيادىلەر كوچىسى تىجارەت باشلىغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى، مېۋە ـ چېۋە كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.
□مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

بېلەت زاكاز قىلىشتىن ئايروپىلانغا چىققىچە بولغان ئىشلار بىر يان تېلېفون بىلەنلا بېجىرىلىدىغان بولدى

شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى «قەغەزسىز» ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: «ئىلگىرى ئايروپىلانغا ئولتۇرساق، قولىمىزغا كىملىك، ئايروپىلانغا چىقىش كارتىسى ۋە يۈك ـ تاق بېلىتى قاتارلىق ئىسپاتلارنى ئېلىۋالاتتۇق، بىرەر بېلەت، كارتا كەم بولۇپ قېلىپ، ئايروپىلانغا چىقالماي قېلىشتىن ئەنسىرەيتتۇق. ھازىر ئوخشىمايدۇ، ئىككىلىك كود+ كىملىك بولسىلا ئايروپىلانغا ئوڭۇشلۇق چىققىلى بولىدۇ، بەك قولايلىق بولۇپ كەتتى!» ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ كېلىپ بىخەتەرلىك تەكشۈرتۈشنى تاماملاشقا ئون مىنۇتلا كەتتى، دېدى بىرىنچى قېتىم «قەغەزسىز» ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشنى ھېس قىلغان ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى چېن بۇيۈن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ.

«ئەسلي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا، شىنجاڭ ئايروپورت(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى «ئوت يۇرتى»دا ئەۋج ئالماقتا

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **جىن چۈەن، ۋاڭ شىگرۇي، جاڭ رۇيلىن، چېن يۈۋېن** خەۋەر قىلىدۇ: «دۆلەت گۈللەنسە، مەدەنىيەت گۈللىنىدۇ. يېڭى جۇڭگونىڭ تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە خىزمىتى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى.» 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، تۇرپان مۇزېيىنىڭ مۇئاۋىن مۇزېي باشلىقى دىلىك يۈگۈك مۇخبىرلارغا تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۆز يۇرتىدا ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بۇرۇندىن «ئوت يۇرتى» دەپ ئاتالغان تۇرپان قەدىمكى ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيلىك كېسىشكەن جاي ھېسابلىنىدۇ. ئالاھىدە كلىمات، جۇغراپىيەلىك شارائىت يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدا قېپقالغان قەدىمكى خارابىلىك ۋە يادىكارلىقلارنى بۇ يەردە

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)